# 272795 - بېشىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ چېچىنى قىسقارتىش چاچنىڭ بىر تەرىپىنى ئېلىپ يەنە بىر تەرىپىنى قويۇپ قويغانلىقنىڭ قاتارىغا كىرەمدۇ؟

## سوئال

مەن قەزەئ (چاچنىڭ بىر تەرىپىنى ئېلىپ يەنە بىر تەرىپىنى قويۇپ قويۇش) توغرىسىدا كۆرگەن جاۋاپلىرىمنىڭ ھەممىسىدە ئۇنى بېشىنىڭ بەزى يېرىنى چۈشۈرۈپ بەزى يېرىنى قويۇپ قويۇش دەپ ئېپادىلىگەن، باشنىڭ چېچىنىڭ بەزىسىنى قىسقارتىپ بەزىسىنى قويۇپ قويۇشمۇ مۇشۇنىڭ قاتارىغا كىرەمدۇ؟ ياكى كىرمەمدۇ؟ مەسىلەن: چېچىنىڭ بىر تەرىپىنى قىسقارتىپ بىر سانتا قويۇپ، ئالدى تەرىپىنى 7، 8 سانتا قويۇپ قويسا بۇمۇ قەزۇئنىڭ قاتارىغا كىرەمدۇ، بۇ چاچنى پۈتۈن ئالدۇرۇش ئەمەس بەلكى قىسقارتىش بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شۇنداق، قۇزەئ دېگەن بېشىنىڭ چېچىنىڭ بەزىسىنى ئالدۇرۇپ بەزىسىنى قويۇپ قويۇشتۇر. ئەمما بېشىنىڭ چېچىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى قىسقارتىپ ئوتتۇرنى قويۇپ قويۇش قۇزەنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ، لېكىن بىر تەرەپىنى بەك قىسقارتىۋېتىشتىن چەكلىنىدۇ، چۈنكى ئۇمۇ قۇزەگە ئوخشاپ قالىدۇ.

چۈنكى چاچنى ھازىر ئېتىقان بۇ شەكىلدە قىسقارتىش بولسا كاپىر، پاسىقلارنىڭ بەلگىسىدۇر، بۇ ئېسىل، چوڭ سۈپەت كىشلەرنىڭ قىلىقى ئەمەس، مۇسۇلمانىنىڭ ئۇنداق چاكىنا كىشلەرگە ئوخشاپ قىلىشى توغرا بولمايدۇ.

بىز پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇراھمان بەرراكتىن (ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن) سوئالدا كەلگەن مەسىلىنى سورىساق، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "گەرچە بۇ قۇزەئنىڭ ئۆزى بولمىسىمۇ لېكىن قۇزەئگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بەزى شەكىللىرى كاپىرلارغا ئوخشاپ قىلىش بولۇپ، بۇنداق ناچار ئادەت مۇسۇلمانلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەن". بۇنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن 110209-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.